# ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن بىر زالغا يىغىلىشى توغرىسىدا

حضور النساء ندوة ثقافية مع الرجال في قاعة واحدة

< الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز
**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# ئايالالارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن بىر زالغا يىغىلىشى توغرىسىدا

226560-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەدەنىيەت كۇلۇبىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان نۇتۇق سۆزلەش زالىدا ئەرلەر ئالدىدا، ئايالالار زالنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشى توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر ئارىسىغا پەردە تارتىلسا، ئارقىدا ئولتۇرغان ئايالالار كۆرسىتىلىۋاتقان پائالىيەتلەرنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئەرلەردىن ئايرىپ باشقا بىر زالغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پائالىيەت تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق كۆرسىتىلىشى كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابە كىراملىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

كۇلۇبتا شەرئى نۇتۇق ياكى پايدىلىق بولغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئايالالار ئۆزىنىڭ تولۇق شەرئى ھىجابى بىلەن قاتناشسا، ئەر-ئايالالار ئارىسىدا ئارىلىشىش بولمىسا، ئۇنىڭدىن باشقا شەرئەتكە زىت كېلىدىغان ئىشلار بولمىسا، ئەرلەر زالنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئورۇنلاردا، ئايالالار مۇۋاپىق ئارىلىق قويۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدە ھىجابى بىلەن ئولتۇرغان بولسا، ئاۋازنى كۆتۈرمەستىن ھەممە بىردەك پايدىلىق نۇتۇقنى ئاڭلىسا، گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە بولمىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى 129693-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا تەپسىلى بايان قىلدۇق.

بىر كىشى شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: بىزنىڭ مەسچىتتە، ئايالالارنى ئەرلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئايرىم جاي بولۇپ، بۇ جايغا تام توسۇلغان، ئايالالار ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ۋە دەرسلەرنى مىكرىپۇن ئارقىلىق ئىڭشايدۇ، جامائەت ئارىسىدىن بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «ئەرلەر سەپ تۈزىدۇ، ئاندىن كىچىك باللار سەپ تۈزىدۇ، ئاندىن ئايالالار سەپ تۈزىدۇ» دىگەن، ھەدىسكە ئاساسەن ئارىدىكى تامنى ئېلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، جامائەت ئارىسىدا زور ئىختىلاپ پەيدا بولدى، بۇ مەسىلىگە قارىتا سىلە قانداق كۆرسەتمە بېرىلا؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىدى: بۇنىڭ ھەممىسىدە ھېچ قىيىنچىلىق يوق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئايالالار ئەرلەر بىلەن بىرگە

ئەرلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تام ياكى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە-توساق دېگەندەك نەرسىلەر بولمىغان، ئۇلار سەپنىڭ ئاخىرىدا تۇرۇپ ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرلەرنىڭ سېپىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئالدىنقى سەپتۇر، ياخشى بولمىغىنى ئاخىرقى سەپتۇر، ئاياللارنىڭ سېپىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاخىرقى سەپتۇر، ياخشى بولمىغىنى ئالدىنقى سەپتۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

چۈنكى ئاياللار سېپىنىڭ ئەۋۋىلى ئەرلەرگە يېقىندۇر، ئەگەر ئاياللار مەسچىتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئەرلەرنىڭ كەينىدە پەردە تارتىپ ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ، تام توسۇش ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن ئوتتۇرىنى توسۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. ئەگەر تام بىلەن توسسا ياكى پەردە بىلەن توسسا، ئاياللارمۇ چۈمبەللىرىنى ئېلىپ، يۈزلىرىنى ئېچىپ راھەت ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، قىرائەتنى ۋە باشقا دەرسلەرنى ئاڭلىيالايدۇ، بۇنىڭدا ھېچ قىيىنچىلىق يوق. ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بۇ مەسىلىدە كەڭرىچىلىك بار".

ئەگەر ئارىغا رىشاتكىلارنى قويسا ئاياللارمۇ ئىمام ۋە جامائەتنى كۆرسە ۋە ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا بولىدۇ، بۇ ئىشتا كەڭرىچىلىك بولۇپ، قاتتىقلىق قىلىش توغرا بولمايدۇ، ئارىدا تام بولسۇن ياكى پەردە ياكى رىشاتكا بولسۇن ۋەياكى ھېچ نېمە بولمىسۇن بۇنىڭ ھەممىسى دۇرۇس بولىدۇ. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تام، توساق، پەردە دېگەندەك نەرسىلەر بولمىغان، ئۇلار ئەرلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئىدى". [نۇرۇل ئەلەددەربى پەتىۋالىرى" 12-توم 267-269-بەتلەر].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com